# ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

ھەزرىتى ئىبراھىم بارلىق مەۋجۇدىيەتكە كۆنەلمىدى ۋە ئاللاھقا يېقىن بولۇش مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى. شۇڭا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ئارىسىدا ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار.

ئۇ، (يارىتىلىش كۈنىدە) ئاللاھنىڭ ئۆزلىرىدىن ئەھدە ئالغان ئىرادىلىك بەش چوڭ پەيغەمبەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار (پەيغەمبەرلىك نۆۋىتى بىلەن): نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قاتارلىقلار.

ئاللاھ ئۇنى ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا ئىنسان كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلار بىلەن سىنىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ناھايىتى قىيىن سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش بىلەن بىرگە ياخشىلىق قىلىشنى ھېچقاچان قولدىن بەرمىگەن بەندە ئىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ نەجم سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى﴾①

ئۇلۇغ ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىمنى بەكمۇ قەدىرلىگەنىدى. ئۇنىڭ دىنىنى شۈبھىلەردىن يىراق، پاك تەۋھىد دىنى قىلغانىدى. ئۇنىڭ دىنىغا ئىمان ئېيتقانلارغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك - شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ﴾②.

ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ رەھبىرى قىلىش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەرلىكنى ۋە كىتابنى ئۇنىڭ نەسەبىگە چۈشۈرگەنىدى. ھەزرىتى ئىبراھىمدىن كېيىن كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ باللىرى ۋە نەۋرىلىرى ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغانلار ئىدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام - ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئۇمملەر (ساۋاتسىزلار) ئارىسىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىشى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ شان - شەرىپى ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى قەدىر - قىممىتىنى داۋاملىق تۈردە تەتقىق قىلىدىغان بولساق، ھاياجان ئىلكىدە ئۆزىمىزنى بېسىۋالالماي قېلىشىمىز مۇمكىن.

---

① سۈرە نەجم 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② سۈرە بەقەرە 130 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىز رەببىگە پاك قەلب بىلەن تەسلىم بولغان پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا تۇرماقتىمىز. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «ئىتائەت قىل!» دېيىشىگىلا ئۇ: «مەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېگەن ئىنساندۇر. بىزگە: ‹مۇسۇلمان› ئىسمىنى مۇيەسسەر قىلغان تۇنجى پەيغەمبەر: دۇئاسى قوبۇل بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن پەيغەمبەر...

ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىسى...

مۇلايىم، دىلى يۇمشاق ۋە ھەممە ئىشتا ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىدىغان پەيغەمبەر...

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر﴾[1].

سافقات سۈرىسىدە مۇنداق دېگەندى:

﴿ئىبراھىمغا سالام بولسۇن!﴾[2]

ھەممىنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئاللاھ بەندىسى ئىبراھىم ھەققىدە شۇنداق دېگەندى.

ئۇندىن بۇرۇنقىلىرىنىڭ ھەممىسى تارازىنىڭ بىر تەرىپىدە...

ئاللاھنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرى تارازىنىڭ ئېغىر باسقان يەنە بىر تەرىپىدە...

ئاللاھنىڭ كىتابىدا، ئاللاھنىڭ ئىبراھىمدىن باشقا ھېچبىر پەيغەمبەرنى ئۆزىگە دوست تۇتمىغانلىقى كۆرۈلمەكتە.

بۇ جەھەتتىن ئۇ بىردىنبىر پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ نىسا سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاللاھ ئىبراھىمنى دوست تۇتتى﴾[3]

مەنتىق ئېزىقىپ، بۇ پەللىگە يامىشىشقا باشلايدۇ.

كۆزنى ئۇ يۈكسەك پەللىگىلا تىكىش باشنى قايدۇرىدۇ.

ئەنە شۇ يۈكسەك پەللىنىڭ تۆپىسىدە ھەزرىتى ئىبراھىم ئولتۇرماقتا.

نېمە؟

ئۇ بۇ ھەققە قانداق تېگىل بولدى؟

ئۇنىڭ قەلبى قانداق ئىدى؟

---

[1] سۈرە ھۇد 75 ـ ئايەت.
[2] سۈرە سافقات 109 ـ ئايەت.
[3] سۈرە نىسا 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ئۇ قايسى مەرھەمەت بىلەن يارىتىلغاندى؟ قايسى شەرەپكە نائىل بولدى؟ ئۇنىڭ دىلىدا قايسى سۆيگۈ بار ئىدى؟

ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى، مۇتەسەۋۋۇپلارنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى ـ ئاللاھنى سۆيۈشتۇر.

ئۇلاردىن بىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىنى قەدىرلىگەنلىكىنى، پەقەتلا ئۇنى قەدىرلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ دوستى قىلغانلىقىنى (بۇ سۆيگۈنىڭ ئەڭ ئۈستۈنىدۇر) خىيال قىلىشى، تەسەۋۋۇر ئۈپۈقلىرىنىڭ نېرىسىدىكى بىر ئىشتۇر.

ئىبراھىم ئاللاھنىڭ دوستى بولۇشقا نائىل بولغان بەندە ئىدى.

بۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەرىجىلىرى ئارىسىدا بىز بىلەلمەيدىغان ئۈستۈن دەرىجە بولۇپ، ئۇنى قانداق تەرىپلەشنى بىلمەيمىز. ئۇ دەرىجە ھەققىدە ئېيتىلغان ھەرقانداق بىر ئىنسانىنىڭ سۆزىنى، ئۇنىڭغا قىلىنغان ھەقسىزلىق ۋە زىيانكەشلىك دەپ بىلىمىز. بىز، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ نۇرىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىلاھىي ھۇزۇرغا دۇچ كەلمەكتىمىز.

بىز، سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ غەلىتە بىر جىسىم ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تاجاۋۇز قىلغاندا مەرۋايىت ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى بىلىمىز. يەنى، دىل يارىسى ئۇنىڭ مەرۋايىت ئىشلەپچىقىرىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئامىلدۇر.

بىز يەنە شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قەلبمۇ ئەنە شۇ مەرۋايىت ئىشلەپچىقىرىدىغان قۇلۇللەرگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ قەلبى بۇ ئالەمگە تاشلانغان بىر قۇلۇلە بولۇپ، دىلى يارىلانغانسېرى، شۇنچە كۆپ مەرۋايىت ئىشلەپچىقىراتتى.

بۇ قەلبنىڭ كىچىكىدىن تارتىپ توغرا يولغا ئېنتىلگەنلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

قۇرئاندا ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى، بالىلىق دەۋرى ۋە قايسى دەۋردە ياشاپ ئۆتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇمات يوق بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ دەۋرىدىكى ھاياتىي ئاتموسفېرانى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ھايات ئۇنىڭ دەۋرىدە باشلايدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسانلارنىڭ ئۈچ خىل گۇرۇپپىغا ئايرىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ياغاچ ۋە تاشتىن ياسالغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغانلار.

قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغانلار.

پادىشاھ ۋە ھۆكۈمدارلارغا چوقۇنىدىغانلار.

يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرىپىدە ئەقىل نۇرلىرى ئۆچكەن، ھەممە يەرنى قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغان، يەر يۈزى مەرھەمەتكە چاڭقىغان ئىدى.

ئىبراھىم ئەنە شۇنداق مۇھىتتا، بۇتقا چوقۇنىدىغان ئائىلىلەرنىڭ بىرىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۆز قولى بىلەن بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان كاپىرلاردىن ئىدى.

www.munber.org

رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى ئۇ (يەنى ئىبراھىم) تۇغۇلمىغان چاغدىلا ئۆلگەن بولۇپ، ئۇنى تاغىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. تاغىسى ئۇنىڭ ئاتىسى ئورنىدىكى ئادەم ئىدى. ئىبراھىم ئۇنى: ”ئاتا“ دەپ چاقىراتتى. بەزى رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۆلمىگەنلىكى ۋە ”ئازەر“نىڭ ئۇنىڭ ئۆز ئاتىسى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان.

يەنە بەزى رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئازەر“ بىر بۇتنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى ئۇنى ياساش ئارقىلىق نام چىقارغان.

مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىبراھىم ئەنە شۇنداق ئائىلىدە تۇغۇلغانىدى.

ئائىلىنىڭ باشلىقى ئەڭ چوڭ بۇتنى ياسىغۇچى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي بۇت ياساشقا ئاتىۋەتكەن سەنئەتكار (ھەيكەلتاراش) ئىدى. ئاتىنىڭ كەسپى مىللىتى ئارىسىدا ئۆزىگە ئابروي، ئائىلىگە يۇقىرى ئىناۋەت ئېلىپ كەلگەنىدى.

شۇ دەۋرنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ئائىلە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكار ئائىلىلەردىن ئىدى.

بۇ يۇقىرى ئىناۋەتلىك ئائىلىدە ئۆز ئائىلىسىگە، جەمئىيەت نىزامىغا، قەۋمىنىڭ ئازغۇنلۇقىغا، كاھىنلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە، مەۋجۇت ھۆكۈمرانلىقىقا، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارغا، قىسقىسى، شېرىك ئەقىدىنىڭ ھەرقانداق شەكلىگە قارشى چىقىدىغان بىر بالا تۇغۇلدى.

ئۇنىڭ تىرىك پېتى ئوتقا تاشلىنىشى نورمال ئەھۋال ئىدى.

ئۇنىڭ ھاياتىنى باللىقىدىن تارتىپ باشلايلى!

ئۇنىڭ زېھنى كىچىكىدىنلا ئۆتكۈر ئىدى.

ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبى ۋە ئەقلىنى ئويغاق قىلغانىدى. ئۇنىڭغا توغرىغا ئېنتىلىش كۈچى ۋە ھېكمەت (ئىلىم، ئاڭ) ئاتا قىلغانىدى.

ئىبراھىم كىچىكىدە ئاتىسىنىڭ غەلىتە بۇتلارنى ياساۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بىر كۈنى، ئۇ ئاتىسىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سورىدى. ئاتىسى ئۇلارنىڭ ئىلاھ ھەيكەللىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كىچىك ئىبراھىمنىڭ ئەقلى بۇ سۆزلەرگە ھەيران بولدى ۋە قوبۇل قىلالمىدى. ئۇ ھەركۈنى ھەيكەللەرنى ئۇيىاق - بۇياققا چۆرۈپ ئوينايتتى، چوڭلار ئېشەك - قېچىر مىنگەندەك ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالاتتى. بىر كۈنى، ئاتىسى ئۇنىڭ ‹مەردۇخ ھەيكىلى› نىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقلاندى ۋە بۇ ھەيكەلنى ئوينىماسلىق ھەققىدە تەنبىھلىدى.

ئىبراھىم سورىدى:

- ئاتا! بۇ قايسى ھەيكەل؟ ئۇنىڭ قۇلاقلىرى نېمە ئۈچۈن بىزنىڭكىدىن چوڭ؟

www.munber.org

ئاتىسى ئېيتتى:

ـ ئوغلۇم! بۇ پەرۋەردىگارلارنىڭ پەرۋەردىگارى مەردۇختۇر. بۇ چوڭ قۇلاقلار ئۇنىڭ ھېكمەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئىبراھىم ئۈز ـ ئۆزىگە كۈلۈپ قويدى. ئۇ تېخى يەتتە يېشىدا ئىدى.

بەرنابا ئىنجىلىدە ھەزرىتى ئىسانىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق دېيىلگەن:

ئىبراھىم كىچىككىنە بالا تۇرۇپ، ئاتىسىنى قانداق زاڭلىق قىلالايدۇ؟ ئىبراھىم بىر كۈنى ئاتىسىدىن:

ـ ئاتا! ئىنسانىنى كىم ياراتقان؟ ـ دەپ سورىدى. ئاتىسى:

ـ ئىنسانىنى ئىنسان ياراتقان. مەسىلەن، سېنى مەن ياراتتىم، مېنى ئاتام ياراتتى، ـ دېدى. ئىبراھىم مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنداق ئەمەس ئاتا. مەن بىر قېرى ئادەمنىڭ:

ـ تەڭرىم! ماڭا نىمە ئۈچۈن مۇنداق كۆپ بالا بەردىڭ؟ ـ دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئاتىسى مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ ئوغلۇم! ئەسلىدە ئاللاھ ئىنسانغا بالا تېپىشى ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھ ئۆزى ئۇ ئىشقا ئارىلاشمايدۇ. ئۇ پەقەت ئىنسانىنى ئىلاھلارغا يالۋۇرۇشقا، قوي ياكى قوزا قۇربانلىق قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئەگەر ئىنسان شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىدۇ.

ئىبراھىم سورىدى:

ـ ئاتا! نەچچە ئىلاھ بار؟

ئاتىسى ئېيتتى:

ـ ئۇلارنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، ئوغلۇم!

ئىبراھىم سورىدى:

ـ ئاتا! مەن بىر ئىلاھقا قۇربانلىق قىلسام، يەنە بىر ئىلاھ (مەن ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن) ماڭا زىيانكەشلىك قىلسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ ئىلاھلارنىڭ ئارىسىدا ئايرىمچىلىق ياكى دۈشمەنلىك بولۇپ قالسا، مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن قۇربانلىقىمنى ئاتىغان ئىلاھ ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان ئىلاھنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن قانداق قىلىمەن؟ ئۇ مېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

ئاتىسى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ ئوغلۇم! قورقمىغىن، چۈنكى بىر ئىلاھ يەنە بىر ئىلاھقا دۈشمەنلىك قىلمايدۇ. چوڭ ھەيكەلدە مىڭلارچە ئىلاھ بار. چوڭ ئىلاھنىڭ يېنىدا ‹بائال› بار. ھازىر ئۇلارنىڭ يېشى

www.munber.org

يەتمىشكە بېرىپ قالدى. شۇ چاغقىچە، مەن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلىك قىلغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

ئىبراھىم سورىدى:

ـ ئۇنداقتا، ئارىلىرىدا بىر خۇسۇمەت يوق ئىكەندە؟

ئاتىسى ئېيتتى:

ـ ھەئە، شۇنداق.

ئىبراھىم سورىدى:

ـ ئىلاھلار نېمىدىن ياسىلىدۇ؟

ئاتىسى ئېيتتى:

ـ بۇ، خورما دەرىخىدىن ياسالدى، ئۇ، زەيتۇن دەرىخىدىن، ئاۋۇ كىچىكى پىل چىشىدىن ياسالدى. قارا! نېمە دېگەن گۈزەل؟! پەقەت نەپەس ئالمايدۇ ـ شۇ.

ئىبراھىم سورىدى:

ـ ئىلاھلارنىڭ جېنى بولمىسا، باشقىلارغا قانداق جان بېرىدۇ؟ ئۆزىنىڭ جېنى بولماي تۇرۇپ، باشقىلارغا قانداق ھايات بېرەلەيدۇ؟ ئى ئاتا! بۇلار چوقۇم ئاللاھ ئەمەس.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئاتىسى ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ مۇنداق دېدى:

ـ سەن بۇ سۆزلەرنى چۈشەنگۈدەك ھالغا كەلگەندە، ئىلاھلار شۇ پالتا بىلەن بېشىڭنى يېرىۋېتىدۇ.

ئىبراھىم يەنە سوراشقا باشلىدى:

ـ ئاتا! ئىلاھلار ئىنسانلارنىڭ ئىنسان يارىتىشىغا ياردەم قىلىۋاتسا، ئىنسانلار قانداق قىلىپ ئىلاھلارنى ياسىيالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىلاھلار ياغاچتىن ياسىلىدىكەن، بۇ چوڭ گۇناھ ئەمەسمۇ؟ ئى ئاتا! شۇنى ئويلاپ باق! سەن ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان ئىلاھلارنى ياسىدىڭ. ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن سېنىڭ جىق بالا تېپىپ، دۇنيادا ئەڭ كۈچلۈك ئائىلىلەردىن بولۇشۇڭغا ياردەم قىلمايدۇ؟

ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بېرەلمىگەن ئاتا قولىنى بالىغا ئۇزاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەت ئۈزۈلۈپ قالدى.

يىللار ئۆتتى. ئىبراھىم قۇرامىغا يېتىپ قالدى. ئاتىسىنىڭ ئەخمەقلىقلىرى ئۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدى. ھۇش ـ كاللىسى جايىدا بىر ئىنساننىڭ تاش ـ ياغاچتىن بۇت ياساپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىغا ئەقلى يەتمەيۋاتاتتى. ئىبراھىم بۇ بۇتلارنىڭ يېمەيدىغان، ئىچمەيدىغانلىقىنى، سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بىرى ئۇلارنى يان

www.munber.org

ياتقۇزۇپ قويسا، ئۇخشىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. بۇ بۇتلارنىڭ پايدا - زىيان يەتكۈزەلەيدىغانلىقى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە قانداقمۇ سىغقاندۇ؟

بۇ خىيال ئىبراھىمنىڭ كاللىسىنى خېلى بىر ۋاقىتقىچە چۇلغىۋالدى.

يالغۇز ئۇ ئۆزىلا ھەق يولدا. قەۋمىنىڭ قالغان قىسمى پۈتۈنلەي خاتا يولدىمىدۇ؟

بۇ قانداق ئىش؟

...

ئىبراھىمنىڭ قەۋمىنىڭ بۇتلار بىلەن لىق تولدۇرۇلغان ناھايىتى چوڭ ئىبادەتخانىسى بار ئىدى. ئىبادەتخانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئەڭ چوڭ بۇت ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قالغانلىرى رەت - رېتى ۋە خىلى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا تىزىلغانىدى. ئىبراھىم كىچىك ۋاقتىدا، ئاتىسى بىلەن بۇ ئىبادەتخانىغا پات - پات كېلەتتى. ئەمما ئۇ تاش ۋە ياغاچتىن ياسالغان بۇ نەرسىلەرنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايتتى. ئەمما ئەڭ قورقۇنچلۇق تەرىپى ئادەملەر، يەنى قەۋمى بولۇپ، ئۇلار ئىبادەتخانىغا كىرگەندە، بېشىنى ئالدىغا ساڭگىلىتىپ، بېلىنى دۈمچەيتىپ ماڭاتتى. يىغا - زارە قىلىشىپ، خۇددى بۇتلار ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقاندەك يالۋۇرۇپ كېتىشەتتى.

دەسلەپتە، بۇ مەنزىرە ئىبراھىمغا كۈلكىلىك تۇيۇلدى. ئەمما ئاستا - ئاستا غەزەبلىنىشكە باشلىدى. پۈتۈن قەۋمىنىڭ ئالدىنىپ يۈرىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. ئىش تېخىمۇ چىڭىغا چىقتى. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى ئوغلى (يەنى ئىبراھىم) چوڭ بولغاندا، ئۇنىڭ كاھىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئاتىسى ئوغلىنىڭ بۇ بۇتلارغا بىھۆرمەتلىك قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بۇتلارنى مەڭسىتمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىپلان قىلاتتى.

بىر كۈنى، ئىبراھىم ئاتىسى بىلەن بىللە ئىبادەتخانىغا باردى.

بۇتلارنى ھۆرمەتلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. مۇراسىم ۋاقتىدا، كاھىنلارنىڭ ئەڭ چوڭى بۇتلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ناھايىتى مۇڭلۇق بىر ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇردى ۋە بۇتتىن قەۋمىگە رەھىم - شەپقەت قىلىشىنى، مول رىزىق بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

ھەممە تىمتاس ئىدى. ئىبراھىمنىڭ ئاۋازى بۇ تىمتاسلىقنى بۇزدى. ئۇ ئەڭ چوڭ كاھىنغا مۇنداق دېدى:

- ئەي كاھىن! ئۇ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىيالمايدۇ. سەن بۇنى بىلمەمسەن؟

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئىبراھىم ئىكەنلىكىنى بىلدى. چوڭ كاھىن تېرىكىپ كەتتى. ئىبراھىمنىڭ ئاتىسى يالغاندىن ئوغلىنىڭ ئاغرىپ قالغاچقا،

www.munber.org

ئۆزىنىڭ نىمە دېگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى باھانە كۆرسىتىپ، كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورىدى. ئاندىن ئوغلىنى ئېلىپ ئىبادەتخانىدىن چىقتى ۋە ئۇدۇل ئۆيىگە ئەكىلىپ، ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، چىقىپ كەتتى.

...

ئىبراھىم بىر پەس ياتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئۇ ئاغرىپ قالمىغانىدى. ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاللاھ ـ قەۋمى ياسىۋالغان بۇ ياغاچ ۋە تاش ھەيكەللەر ئەمەس ئىدى.

ئىبراھىم ئۆيدىن چىقىپ، تاغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىن بىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا باقتى.

ئۇ بۇتپەرەسلىك ئەۋج ئالغان يەر يۈزىگە قاراشتىن بەكمۇ تويۇپ كەتكەنىدى. ئاسمانغا قارىشى بىلەنلا، يەردە ئىنسانلار چوقۇنۇۋاتقان يۇلتۇزلارغا قارىغانلىقىنى چۈشەندى. ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نىرىسىغا قارىدى. ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن پەيدا بولۇپ، يەنە ياراتقۇچىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن يوقىلىدىغان بۇ نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشى ئۇنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇراتتى.

ئىبراھىم توختىماي ئۆز ـ ئۆزىگە بىر نەرسىلەرنى دەيتتى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۆزلىرى يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغان كىشىلەرگە قىلغان خىتابىغا ئايلاندى.

ئۇلۇغ ئاللاھ سۈرە ئەنئامدا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئۆز ئاتىسى ئازەرگە: «(سەن ئۆزەڭنى ياراتقان ئاللاھنى قويۇپ) بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋالامسەن؟ مەن سېنى ۋە قەۋمىڭنى ئېنىق گۇمراھلىقتا كۆرىمەن» دېدى. ئىبراھىمنىڭ (تەۋھىد بارىسىدا) قەتئىي ئىشەنگۈچىلەردىن بولۇشى ئۈچۈن، (ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن قەۋمىنىڭ گۇمراھلىقتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكىنىمىزدەك) بىز ئىبراھىمغا ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ئاجايىپلىرىنى كۆرسەتتۇق. ئىبراھىم كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ (قەۋمىنىڭ سۆزلىرىنى دەلىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى مات قىلىش ئۈچۈن): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى﴾[1].

قۇرئاندا، ئىبراھىمنىڭ بۇ سۆزلەرنى قانداق ۋەزىيەتتە تۇرۇپ ئېيتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلمىگەن. ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ ئورامىدىن، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئېيتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، قەۋمى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەندى. چۈنكى، ئۇلار: «ئىبراھىم بۇتلارغا چوقۇنۇشنى رەت قىلىپ، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇشنى قوبۇل قىلدى» دەپ ئويلاپ قالدى. خەلق ئۈچ چوقۇنۇش (يەنى بۇتلارغا، يۇلتۇزلارغا ياكى ھۆكۈمرانلارغا چوقۇنۇش)تىن بىرىنى تاللىۋالسا بولاتتى.

---

[1] سۈرە ئەنئام 74 ــ 76 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

ئەتىسى سەھەر، ئىبراھىم قەۋمىگە تېخىمۇ ھەيران قالارلىق سۆز قىلدى. تۈنۈگۈن چوقۇنغان يۇلتۇزلار سەھەردە يوقاپ كەتكەنىدى. ئىبراھىم يوقاپ كەتكەن نەرسىنى ياقتۇرمايتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، «مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى (يەنى يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىشنى) ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئۇ ئاينىڭ تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر» دېدى﴾[1].

ئىككىنچى كۈنى كەچتە، ئىبراھىم ئاينى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئېلان قىلدى. قەۋمى ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگۈدەك ئەقىلگە ساھىب ئەمەس ئىدى.

ئۇلار نىمە ئۈچۈن ئاۋۋال يوقىلىپ، كېيىن پەيدا بولىدىغان؛ باشتا پېتىپ، كېيىن چىقىدىغان بىر پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىدۇ؟

قەۋمى بۇ ئىشنىڭ سىرىغا يېتەلمىدى. ئىبراھىم ئايغا ئىبادەت قىلىشنىمۇ رەت قىلدى. چۈنكى، ئايمۇ باشقا يۇلتۇزلارغا ئوخشاش كېچىسى پەيدا بولۇپ، كۈندۈزى يوقاپ كېتەتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاي پېتىپ كېتىۋىدى، «ئەگەر پەرۋەردىگارىم مېنى ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن چوقۇم ئازغۇچى قەۋمنىڭ قاتارىدىن بولىدىكەنمەن» دېدى﴾[2].

بۇ يەردە، ئۇنىڭ قەۋمىگە ئاينىڭ ئىلاھ ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى مۇلايىم ۋە تەمكىنلىك بىلەن ئايغا چوقۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرماقچى بولدى. يوقاپ كېتىدىغان ۋە كۈندۈزى كۆرۈنمەيدىغان بىر نەرسىگە ئىنسانلار قانداق ئىبادەت قىلسۇن؟ ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ بۇ نەرسىلەر ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى.

ئەمما قەۋمى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم پىلانىنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۇ قۇياشنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ (يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە): «بۇ مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر. بۇ ھەممىدىن (يەنى يۇلتۇز بىلەن ئايدىن) چوڭدۇر» دېدى. قۇياش پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ ئېيتتىكى: «ئى قەۋمىم! مەن ھەقىقەتەن سىلەر شېرىك كەلتۈرگەن

[1] سۈرە ئەنئام 76 ـ 77 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە نەجم 77 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

مەبۇدلاردىن ئادا ـ جۇدامەن. مەن ھەقىقەتەن، باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرۇلۇپ، ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان زاتقا يۈزلەندىم. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن»﴾[1].

قۇياش تولغرىسىدىكى سۆزلىرى، ئۇنىڭ يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارغا قارشى تۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى پىلانى ئىدى. قۇياش ئەڭ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئېلان قىلغانىدى.

قۇياشقا چوقۇنغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ بىر مەخلۇققا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئۇنىڭ چوڭلۇقى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. چۈنكى، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر.

ئىبراھىم قۇياشنى ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قۇياش پاتقىچە كۈتۈپ تۇردى. قۇياش پاتتى، ئۇمۇ باشقا مەخلۇقلارغا ئوخشاش كۆزدىن غايىب بولدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم ئۆزىنىڭ يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇشتىن يىراق ئىكەنلىكىنى ۋە ئاسمان ـ زېمىننى يوقتىن بار قىلغان بىر ئاللاھقا يۈزلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش مۇشرىك ئەمەس ئىدى.

ئىبراھىمنىڭ دەلىلى ھەقنى ئوتتۇرىغا چىقىرالىشى مۇمكىن ئىدى. قەۋمى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئۇنىڭ پىپىگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ ‹ھەققانىي كۆرىشى› قورقۇتۇش ۋە تەھدىت سېلىش بىلەن باشلاندى.

ئىبراھىم ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

﴿«مېنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان تۇرسا، مەن بىلەن ئاللاھنىڭ (مەۋجۇتلۇقى ۋە بىرلىكى) توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ مەن سىلەرنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن قورقمايمەن، پەقەت پەرۋەردىگارىمنىڭلا خالىغان نەرسىسى بولىدۇ، پەرۋەردىگارىمنىڭ بىلىمى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، (مەبۇدلىرىڭلارنىڭ ماڭا ھېچبىر زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى) ئويلىمامسىلەر؟! ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە ئاللاھنىڭ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك؟»﴾[2]

ئۇنىڭغا سېلىنغان تەھدىت، قورقۇتۇش ۋە قىلىنغان ھۇجۇملارنىڭ دەرىجىسى، شەكلى، مېتودىنى بىلمەيمىز.

قۇرئاندا بۇلار بايان قىلىنمىغان ۋە ئۇدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جاۋابىغا ئۆتۈپ كەتكەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەھدىت، قورقۇتۇشلىرى ئەھمىيەتسىز ئىدى. شۇڭا ئۇلار

[1] سۈرە ئەنئام 78 ـ 79 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ئەنئام 80 ـ 81 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

قۇرئاندا تەسۋىرلەنمەي، ئىبراھىمنىڭ ئەقلىي ۋە مەنتىقىلىق جاۋابى زىكىر قىلىنغان. ئۇلار ئىبراھىمنى قورقۇتقان بىلەن ئۆزلىرى ھېچنېمىدىن قورقمىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار تېخىمۇ قورقۇشى كېرەك ئىدى.

﴿ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر. ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾[①]

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىپ، بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى باشلاندى. ئاللاھ (ھەر قېتىمقىدەك) ئۇنىڭغا يەنە ئۆزىنىڭ دەلىللىرىنى بىلدۈرگەنىدى:

﴿ئۆز قەۋمىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىمغا بەرگەن دەلىلىمىز ئەنە شۇدۇر. خالىغان كىشىمىزنى بىر قانچە دەرىجە كۆتۈرىمىز، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر﴾[②]

ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىمنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ئاسمان ـ زېمىننىڭ ھۆكۈمدارلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. بۇتپەرەسلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ دەسلىپىدە، ئۇلارغا تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. بۇ قېتىم، ئۇ سەل ئېغىرراق قارشىلىق بىلدۈردى. بۇ كۈرەشنىڭ ئىچىدە ئاتىسىمۇ بار ئىدى. بۇ ئاتىسىنىڭ كەسپى بولۇپ، ئۇنىڭ ماكان ۋە مەرتىۋىسىنىڭ ھېكمىتى قەۋمىنىڭ ئېتىقاد سەۋەبى ئىدى. شۇنداقلا بۇ، كۆپچىلىككە ئەگىشىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىبادەت ئىدى.

ئىبراھىم قەۋمىنىڭ قارشىسىغا دەۋەت بىلەن چىقتى. ‹ئىلاھ مەسىلىسى› ھەققىدە قاتتىق غەزەپلەنگەن ئىبراھىم:

﴿«سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر)» دېدى. ئۇلار: «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ (پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر» دېدى. ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن»﴾[③]

---

① سۈرە ئەنئام 82 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنئام 83 ـ ئايەت.
③ سۈرە ئەنبىيا 52 ـ 56 ـ ئايەتلەر.

www.munber.org

سۆز تۈگىدى. ئىبراھىم بىلەن قەۋمى ئارىسىدىكى كۈرەش باشلاندى. ئۇنىڭغا ئەڭ ئەشەددىي قارشىلىق كۆرسەتكىنى ئاتىسى ياكى ئاتىسى ئورنىدىكى تاغىسى ئىدى.

ئاتا بىلەن ئوغۇل جېدەل قىلىشقا باشلىدى. پرىنسىپ ۋە ئاساسلار ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىدى. ئوغۇل ئاللاھنىڭ يېنىدا، ئاتا بولسا باتىللىقنىڭ يېنىدا يەر ئالدى.

ئاتا ئوغۇلغا مۇنداق دېدى: «ئىبراھىم! سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بېشىمغا بالا ـ قازا يېغىشقا باشلىدى. مېنى خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلدىڭ، سەن ماڭا ئەسكىلىك قىلدىڭ.»

ئىبراھىم ئاتىسىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

﴿ئى ئاتا! نېمىشقا ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان ۋە ساڭا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىسەن؟ ئى ئاتا! ماڭا سەن بىلمەيدىغان ئىلىملەر نازىل بولدى، ماڭا ئەگەشكىن، سېنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى ئاتا! شەيتانغا چوقۇنمىغىن، شەيتان مەرھەمەتلىك ئاللاھقا ھەقىقەتەن ئاسىيلىق قىلدى. ئى ئاتا! سېنىڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ ئازابىغا قېلىشىڭدىن، شەيتاننىڭ ھەمراھىغا ئايلىنىپ قېلىشىڭدىن قورقىمەن﴾[1]

ئاتا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

﴿ئى ئىبراھىم! سەن مېنىڭ ئىلاھلىرىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن؟ ئەگەر سەن (مۇنداق قىلىشتىن) يانمىساڭ، چوقۇم سېنى تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، ئۇزاق زامان مەندىن يىراق تۇرغىن!﴾[2]

ئەگەر بۇ دەۋادىن ۋاز كەچمىسەڭ، سېنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن. بۇتلارغا قارشى چىقانىڭ بەدىلى شۇ ئىدى. ئۆيۈمدىن چىق! سېنى كۆرۈشنى خالىمايمەن، چىق!..

...

سۆز تۈگىدى. ئىبراھىم چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈش تەھدىتى ئالغاندىن سىرت، ئۆيىدىن قوغلاندى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىبراھىم ئاتىسىغا ئىتائەتكار ئوغۇل ۋە بۈيۈك پەيغەمبەرلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ ئاتىسىغا پەيغەمبەرلىك ئەخلاقى بىلەن خىتاب قىلدى. ئۆزىگە قىلىنغان ھاقارەتلەر، تەنقىد، تەھدىتلەر ۋە ئۆيىدىن قوغلانغانلىقىغا قارىماي، ئاتىسىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

﴿ساڭا ئامانلىق بولسۇن، پەرۋەردىگارىمدىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن، ئاللاھ ماڭا ھەقىقەتەن مېھرىباندۇر. سىلەردىن ۋە سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلەردىن

---

[1] سۈرە مەريەم 42 ـ 45 ـ ئايەتكىچە.
[2] سۈرە مەريەم 46 ـ ئايەت.

www.munber.org

يىراق بولىمەن، پەرۋەردىگارىمغا ئىبادەت قىلىمەن، پەرۋەردىگارىمنىڭ ئىبادىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن﴾[1]. (سۈرە مەريەم 47 ـ ۋە 48 ـ ئايەتلەر)

ئىبراھىم ئاتىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقتى. قەۋمىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھىنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان نەرسىلىرىنى تەرك ئەتتى. بىردىنلا، كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى. ئۇ، دەريانىڭ قارشى ياقىسىدا بايرام مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ۋە ھەممە ئادەمنىڭ ئۇ تەرەپكە كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بىر مەزگىل كۈتتى، ئاخىرى مۇراسىم كۈنى يېتىپ كېلىپ، خەلق ياشاۋاتقان شەھەر بوش قالدى.

...

ئىبراھىم ئىبادەتخانىغا قاراپ، ئاستا ـ ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

ئىبادەتخانىغا بارىدىغان يوللاردا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئىبادەتخانىدىمۇ ھېچكىم قالمىغانىدى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى بايرام مۇراسىمىغا كەتكەنىدى. ئىبراھىم ئىبادەتخانىغا كىردى، يېنىدا ناھايىتى ئۆتكۈر بىر پالتا بار ئىدى.

ئۇ تاش ۋە ياغاچلاردىن ئويۇپ ياسالغان ھەيكەللەرگە ۋە خەلقنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا (نەزىر قىلىپ) تىزىپ قويغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە قارىدى.

ئىبراھىم ھەيكەللەردىن بىرىگە يېقىنلىشىپ:

ـ ئالدىڭدىكى تاماق سوۋۇپ كېتىپتۇ. نېمە ئۈچۈن يېمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ھەيكەلدىن ئۈن ـ تىن چىقمىدى، قىمىر قىلماي تۇراتتى.

ئىبراھىم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا بۇتلاردىن سورىدى:

﴿بۇ تاماقتىن يېمەمسىلەر؟﴾[2]

ئۇ بۇتلارنىڭ تاماق يېيەلمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش ئۈچۈن شۇنداق سوراۋاتاتتى. بۇتلاردىن يەنە سوراشقا باشلىدى:

﴿نېمىشقا گەپ قىلمايسىلەر؟﴾[3]

ئىبراھىم قولىدىكى پالتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۇتلارنىڭ ھەممىسىنى پاچاقلاپ تاشلىۋەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا بىر بۇتنىڭ بوينىغا پالتىنى ئېسىپ قويدى. ئۆز قەسىمىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىغا چىنپۈتۈپ، تاغقا قايتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئەمەلىي يوللار ئارقىلىق قەۋمىگە ئاللاھتىن باشقىسىغا چوقۇنۇشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغانىدى. دەريا بويىدىكى بايرام مۇراسىمى ئاياغلاشتى، خەلق شەھەرگە قايتتى. ئىبادەتخانىغا كىرگەن تۇنجى كىشى چىقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانلار

[1] سۈرە مەريەم 47 ـ 48 ـ ئايەتلەر.
[2] سۈرە ساففات 91 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ساففات 92 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىبادەتخانىغا يىغىلدى. بىر بۇتتىن باشقا ھەممىسى چېقىپ تاشلانغانىدى. بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى ئويلاشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئىبراھىم كەلدى، چۈنكى ئۇ ئۇلارغا بۇ ئىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلغۇچى ئىدى.

﴿ئۇلارنىڭ بەزىسى: «ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)» دېدى﴾[1]

باش كاھىن:

ـ ئىبراھىمنى نەدىن بولمىسۇن تېپىپ كېلىپ، سوراق قىلىڭلار! ـ دېدى.

ئىبراھىم كەلتۈرۈلۈپ سوراق قىلىنىشقا باشلىدى:

﴿ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟﴾[2]

ئىبراھىم كۈلۈمسىرىدى ۋە بويىنىغا پالتا ئېسىغلىق چوڭ بۇتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

﴿(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇشۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!﴾[3] دېدى. باش كاھىن:

ـ كىمدىن سورايمىز؟ ـ دېدى. ئىبراھىم:

ـ ئىلاھلىرىڭلاردىن سوراڭلار. سوراقنا تارتقۇچى:

ـ سەن بىزنىڭ ئىلاھلىرىمىزنىڭ سۆزلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلىسەن، ـ دېدى. ئىبراھىم:

ـ سۆزلىيەلمەيدىغان، پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىگە قانداق ئىبادەت قىلغۇلاتتىسىلەر؟ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەقلىڭلار نەگە كەتتى؟ ئىلاھلىرىڭلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى قارىتىپ قويۇپ، قالغانلىرىنى پاقاچلاپ تاشلىدىم. بۇ ئىلاھلار ئۆزلىرىنى زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلاپ قالالمىدى. سىلەرگە قانداق ياخشىلىق قىلالىسۇن؟ ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ پالتىنى ئەڭ چوڭ بۇتنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدۇم. بۇت: نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟ ـ دېيەلمىدى.

ئۇ سۆزلىيەلمەيدۇ، ئاڭلىيالمايدۇ، ھەرىكەتلىنەلمەيدۇ، پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئۇ، ئىلاھ ئەمەستۇر، پەقەتلا تاشتۇر،

كۆزى كور، تىلى يوق، قۇلىقى گاستۇر.

ئۇنىڭغا چوقۇنغان ئەقىلسىزلەرنىڭ.

[1] سۈرە ئەنبىيا 60 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 62 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئەنبىيا 63 ـ ئايەت.

www.munber.org

بېشىغا نېمە كۈن كەلسىمۇ ئازدۇر.

...

ئۇلۇغ ئاللاھ سۈرە ئەنبىيادا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(مۇسا، ھارۇنلاردىن بۇرۇن) بىز ئىبراھىمغا ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ھىدايەت ئاتا قىلغان ئىدۇق، بىز ئۇنىڭ (پەيغەمبەرلىكنىڭ ئەھلى) ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم (كۇففارلار چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنى مەنسىتمەي) ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇ بۇتلار نېمە؟ (يەنى سىلەر نېمە ئۈچۈن بۇ بۇتلارغا چوقۇنىسىلەر؟)» دېدى. ئۇلار: «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز (يەنى ئۇلارغا ئاتا - بوۋىلىرىمىزغا تەقلىت قىلىپ چوقۇنىمىز)» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرمۇ، ئاتا - بوۋاڭلارمۇ (پايدا - زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان جانسىز بۇتلارغا چوقۇنغانلىقىڭلار ئۈچۈن) ھەقىقەتەن روشەن گۇمراھلىقتا سىلەر» دېدى. ئۇلار: «سەن راست دەۋاتامسەن ياكى چاقچاق قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: «ئۇنداق ئەمەس، سىلەرنىڭ (ئىبادەت قىلىشىڭلارغا لايىق) پەرۋەردىگارىڭلار ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، ئۇلارنى ئۇ ياراتقان، مەنمۇ ئۇنىڭغا (قەتئىي دەلىللەر بىلەن) گۇۋاھلىق قىلغۇچىلاردىنمەن. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم بۇتلىرىڭلارنى (چېقىۋېتىشنىڭ) ئامالىنى قىلىمەن.» ئىبراھىم بۇتلارنى چېقىپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ (بۇتلارنى كىمنىڭ چاققانلىقىنى سورىشى ئۈچۈن) پەقەت چوڭ بۇتنى (چاقماي) قالدۇردى. (ئۇلار بايرامدىن قايتىپ كېلىپ بۇتلىرىنىڭ چېقىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ): «بۇتلىرىمىزنى مۇنداق قىلغان كىم؟ ئۇ ھەقىقەتەن زالىم ئىكەن» دېدى. (ئۇلارنىڭ بەزىسى): «ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)» دېدى. ئۇلار (نەمرۇد بىلەن ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ چوڭلىرى): «ئىبراھىمنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىڭلار، (ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئەيىبلىگەنلىكىگە) ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسۇن» دېدى. ئۇلار: «ئى ئىبراھىم! بۇتلىرىمىزنى مۇشۇنداق قىلغان سەنمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «(ياق) بەلكى ئۇلارنىڭ مۇنۇ چوڭى شۇنداق قىلدى، ئەگەر ئۇلار سۆزلىيەلىسە، (كىمنىڭ چاققانلىقىنى) ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بېقىڭلار!» دېدى. ئۇلار بىر - بىرىنى ئەيىبلەپ: «(سىلەر بۇتلارغا چوقۇنۇشتا) ھەقىقەتەن زالىمسىلەر» دېدى. ئاندىن ئۇلار (خىجالەتچىلىكتىن) باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ: «بۇلارنىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى سەن ئوبدان بىلىسەنغۇ؟» دېدى. ئىبراھىم ئېيتتى: «سىلەر ئاللاھنى قويۇپ سىلەرگە ھېچ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان ۋە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان بۇتلارغا چوقۇنامسىلەر؟ سىلەرگە ۋە ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا تۇفى! سىلەر چۈشەنمەمسىلەر؟» ئۇلار ئېيتتى:

www.munber.org

«ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار»﴾[1]

ئىبراھىم مەنتىقىلىق پىكىرلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. ئۇلار بولسا، ئۇنى ئوتقا تاشلاپ، كۆزدىن يوقاتماقچى بولدى.

سوراقچىلار ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن دەرغەزەپ بولدى. سوراقتىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىدىن (ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى كېرەك بولغان) بىرمۇنچە تۆھمەت توقۇپ چىقىلدى.

ئۇلار پىكىر، پرىنسىپ ۋە دەلىل ـ ئىسپات كۈرىشىدە ئىبراھىمغا يېڭىلىپ قالدى.

ئىبراھىم ئۇلارنى (مەسخىرە قىلغان ھالدا) چوڭ بۇتنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى ۋە باشقا بۇتلارنى چېقىۋېتىش قىلمىشىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئارتىپ قويىدى. ئاندىن ئۇلارغا ئىلاھلاردىن ئۇلارنى كىمنىڭ پارچىلىۋەتكەنلىكىنى سورىشىنى ئېيتتى. ئەمما ئۇ ‹ئىلاھ›لار سۆزلىيەلمەيتتى. ئىنسانلار سۆزلىيەلمەيدىغان، ئاڭلىيالمايدىغان نەرسىلەرنى قانداقسىگە ئىلاھ قىلىۋالدى؟... دەلىل مات بولسا، زوراۋانلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ دەلىلى مات بولۇۋىدى، ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ (يەنى ئىبراھىمنىڭ) كۆيدۈرۈپ يوقىتىلىشىغا قارار بېرىلدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم قولغا ئېلىندى، يېقىلغۇ تەييارلىقى باشلاندى.

ناھەق قارارنىڭ سەۋەبلىرى شۇ جۈملىگە مۇجەسسەملەنگەنىدى: «ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلارغا ھەقىقىي ياردەم بەرمەكچى بولساڭلار».

...

ھەممەيلەن ئىشقا كىرىشتى.

ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈش تەييارلىقى باشلاندى. پۈتۈن مەملىكەتكە خەۋەر بېرىلدى.

ئىنسانلار ئىلاھلىرىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ، ئۇلارنى چېقىپ تاشلىغان ۋە گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ، كاھىنلارنى مەسخىرە قىلغان ئادەمنىڭ جازاغا تارتىلىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن يېزا ـ قىشلاق، تاغ ـ بوستان ۋە باشقا شەھەرلەردىن كېلىشكە باشلىدى.

خەلق بىر يەرنى چوڭقۇر كولاپ، ئېچىگە دەرەخ، تاختاي، ئوتۇنلارنى تاشلاپ تولدۇردى. ئاندىن ئازگالغا ئوت ياقتى. ئىبراھىمنى ئوتنىڭ ئۈستىگە تاشلاش ئۈچۈن مەنجانىق تەييارلاپ قويۇلغانىدى. ئىبراھىمنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، مەنجانىققا ياتقۇزدى. ئوت تۇتۇشۇپ، يالقۇنى ئاسمان ـ پەلەك ئۆرلەشكە باشلىدى. خەلق ئوتنىڭ تەپتىگە چىديالماي، ئازگالدىن نېرى بېرىپ تۇرۇشتى. چوڭ كاھىن ئىبراھىمنى ئوتقا تاشلاش ئەمرىنى بەردى.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 51 ـــ 68 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

جىبرىئىل كەلدى ۋە ئىبراھىمنىڭ باش تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

ـ ئىبراھىم! ياردەم كېرەكمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبراھىم:

ـ ياق، سېنىڭ ياردىمىڭ كېرەك ئەمەس، ـ دېدى.

مەنجانىق كېرىلىپ ئېتىلدى. ئىبراھىم پولاتلاپ بېرىپ ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. ئىبراھىم ئوتنىڭ ئىچىگە خۇددى پەرىشتىلەرنىڭ دەسسەپ نەمخۇش بىر باغنىڭ ئىچىگە چۈشكەندەك چۈشتى. ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى، ئەمما ئۇنى كۆيدۈرمەيتتى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئوتقا ئەمر قىلغانىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىز ئوتقا: «ئى ئوت! ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق (بەخش ئېتىدىغان) بولۇپ بەرگىن!» دېدۇق﴾[1].

ئوت ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئىبراھىمغا سالقىن ۋە ئامانلىق بەخش ئەتتى. پەقەتلا ئۇنىڭ پۇت ـ قولى باغلانغان يىپلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئىبراھىم ئوتنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا، خۇددى باغدا ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ، پەرۋەردىگارىغا ھەمدۇسانا ئېيتاتتى. قەلبىدە ئاللاھ سۆيگۈسىدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

ئۇنىڭ قەلبىدە قورقۇنچتىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئوت ئىسسىق ھاۋانى سالقىنلىتىدىغان سۆرۈن شامالغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھنى سۆيىدىغانلار ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. چۈنكى، قورقۇش كەلمىسى ئۇنىڭ لۇغىتىدىن چىقىرىۋېتىلگەن.

...

خەلق تويى، قەۋم چوڭلىرى ۋە كاھىنلار ئوتنى كۆزىتىپ نېرىدا ئولتۇراتتى. ئوتنىڭ تەپتىدىن يۈزلىرى لاۋۇلداپ يېنىۋاتاتتى. ئوت خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە چاراسلاپ كۆيدى. ھەتتا بەزى مۇشرىكلارغا ئوت مەڭگۈ ئۆچمەيدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، ئىبراھىمنىڭ كىرىپ كەتكەن پېتى يېنىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مۇشرىكلارنىڭ يۈزلىرى ئىس ـ تۈتەكتىن قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى، ئەمما ئىبراھىمنىڭ يۈزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ يېرىمى ئۇستىگە چۈشكەن ئوت ئۇچقۇنلىرىدا كۆيۈپ كەتكەنىدى، ئەمما ئىبراھىمنىڭ كىيىمى ئۇز پېتى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇستى ـ بېشىنى كۈل باسقانىدى، ئەمما ئىبراھىمنىڭ ئۇستى ـ بېشىدا كۈل ياكى ئىس ـ تۈتەكتىن ئەسەر يوق ئىدى.

ئىبراھىم ئوتنىڭ ئىچىدىن خۇددى باغنىڭ ئىچىدىن چىققاندەكلا يېنىپ چىققانىدى.

مۇشرىكلار ھاياجىنىنى باسالماي ۋار ـ جۇر قىلىشتى.

ئۇلارنىڭ قىلمىشى مەسخىرىلىك ھالدا مەغلۇپ بولدى.

[1] سۈرە ئەنبىيا 69 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿ئۇلار ئىبراھىمغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، بىز ئۇلارنى ئەڭ زىيان تارتقۇچى قىلدۇق﴾[1].

ئىبراھىمنىڭ بۇ ۋاقىتتا نەچچە ياشتا ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق. قۇرئاندا، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەن يېشىمۇ بايان قىلىنمىغان.

كونا مەنبەلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەۋمىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە قىلغان شۇ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنسا، ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى ياش يىگىت ئىدى:

﴿ئىبراھىم ئاتلىق بىر يىگىتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدۇق (يەنى شۇ قىلغان بولۇشى مۇمكىن)﴾[2].

«ئەزىز بەرنابا ئىنجىلى»دا، ئىبراھىمنىڭ بۇتلارنى ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بېرىلىشتىن بۇرۇن چاققانلىقى تەسۋىرلەنگەن. «بەرنابا ئىنجىلى»نىڭ 29 ـ بابىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئىبراھىم ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان بىر ئاۋاز تۇيدى.

ئىبراھىم: مېنى چاقىرغان كىم؟ ـ دەپ سورىدى.

بىرى: مەن ئاللاھنىڭ پەرىشتىسى جىبرىئىل بولىمەن، ـ دېدى. ئىبراھىم قورقۇپ كەتتى. پەرىشتە: ئىبراھىم، قورقمىغىن! چۈنكى سەن ئاللاھنىڭ دوستى سەن. سەن بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىلاھلىرىنى چېقىپ تاشلىغاندىن كېيىن، پەرىشتە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرۋەردىگارى سېنى تاللىدى ۋە سەن ھايات كىتابىغا كىرگۈزۈلدۈڭ، ـ دەپ ئۇنىڭغا تەسەللىي بەردى.

«بەرنابا ئىنجىلى»نىڭ بايانلىرى داۋاملىشىدۇ: ئىبراھىم پەرىشتە ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى سورىدى.

جىبرىئىل ئۇنىڭغا: ئاۋۇ بۇلاققا بېرىپ يۇيۇنغىن (تاھارەت ئالغىن)، ئاندىن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تاغقا چىققىن! ـ دېدى.

ئىبراھىم تاغقا چىقتى. بىر يەردە تىزلىنىپ ئولتۇردى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا نىدا قىلدى.

ئىبراھىم: ماڭا گەپ قىلىۋاتقان كىم؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ: ئى ئىبراھىم! مەن سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ بولىمەن، ـ دېدى.

---

[1] سۈرە ئەنبىيا 70 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام 60 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئىبراھىم ھاياجاندىن يۈزىنى يەرگە سۈرۈپ سەجدە قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: ئى پەرۋەردىگارىم! بەندەڭ (ھاياجاندىن) كۆل ـ تۆپراق بولۇپ كەتكەن تۇرسا، سۆزلىرىڭ ئۇنىڭ قۇلىقىغا قانداق كىرسۇن؟!

ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا بۇيرىدى. چۈنكى، ئاللاھ ئۇنى ئۆزىنىڭ بەندىسى قىلىپ تاللىغانىدى. ئۇنى ۋە ئۇندىن كېيىنكىلەرنى مۇبارەك قىلدى.

...

بۇ رىۋايەتتە ئىبراھىمنىڭ تاللانغان ۋاقتى ۋە ئۇ بۇتلارنى پاچاقلاپ تاشلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانلىقى ئىزاھلاپ بېرىلمەكتە.

بەلكى قۇرئاننىڭ بەقەرە سۈرىسىدە تەسۋىرلەنگەن شۇ دەقىقىلەر ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىبراھىمغا تەجەللى قىلغان نۇرلۇق دەقىقىلەرنىڭ تەسۋىرى بولۇشى مۇمكىن:

﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى.﴾[1]

قۇرئاندا، ئاللاھنىڭ ئىبراھىمنى قاچان پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقى بايان قىلىنمىغان. شۇڭا بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز.

بىز پەقەت ئىبراھىمنىڭ يۇلتۇزلارغا ۋە بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارغا ئوچۇق دەلىل كەلتۈرگەنلىكىنى ۋە نۇۋەتنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلىپ خۇدالىق داۋاسى قىلغان پادىشاھلارغا كەلگەنلىكىنى بىلىمىز.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئۆزىنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان بىر پادىشاھ بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. بىز بۇ يەردە «ئىشىنىدىغان» تەبىرىنى قوللاندۇق، قالغىنىنى ئاللاھ تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ. بەلكى خەلق پادىشاھقا چوقۇنغان بولسا، پادىشاھمۇ ئۇلارنى ئەخمەق كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش نامىدا ئۆزىگە چوقۇنۇشنى قوبۇل قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ياكى ئاللاھ ئۇنىڭغا سەلتەنەت ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كۆرەڭلەپ كېتىپ، خۇدالىقنى ئۆزىنىڭ ھەققى دەپ قارىۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ پادىشاھ ئۆزىنىڭ بىر ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقان بولۇپ، ئىچىدىكى ھېس ـ تۇيغۇ غايىب بولغانىدى. شۇنداق، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتقانىدى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشتى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ مۆجىزىسىدىن خەۋەر تاپقان بولۇپ، ئۇنى مۇنازىرىلىشىشكە چاقىرغان ئىدى. ئەمما بۇ پادىشاھنىڭ ئىبراھىمنىڭ قەۋمىدىن ياكى باشقا بىر قەۋمدىن ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. بۇ مۇنازىرىدىن كېيىن، شىرىك ئەقىدە قورغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەلئەسى (يەنى ھۆكۈمدارلارغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ قەلئەسى) مۇ چۈۋۈپ تاشلاندى.

[1] سۈرە بەقەرە 131 ـ ئايەت.

www.munber.org

ئۇلۇغ ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا ئىبراھىم (ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، يەنە بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق داۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ﴾[1].

ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدى. چۈنكى ئۇنى تىلغا ئېلىش ئەھمىيەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىمۇ تىلغا ئالمىدى، شۇنداقلا، ئىبراھىم بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇزۇن سۆھبەتنىمۇ تىلغا ئالمىدى. ئېھتىمال پادىشاھ ئىبراھىمغا:

ـ سېنىڭ يېڭى بىر ئىلاھقا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. ئىبراھىم:

ـ دۇنيادا يېڭى ئىلاھ، كونا ئىلاھ دەپ ئاتىلىدىغان گەپ يوق. ئى پادىشاھ! يالغۇز ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ـ دېدى. پادىشاھ:

ـ سېنىڭ رەببىڭ مەن قىلالمايدىغان قايسى ئىشنى قىلالايدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پادىشاھ مەغرۇرلۇق ۋە تەكەببۇرلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. خەلقنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئىبراھىم پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇردى ۋە ئىشىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ سالماقلىق بىلەن:

﴿پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ﴾[2] دېدى.

پادىشاھ: ﴿مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن﴾[3] دېدى.

ئىبراھىم پادىشاھتىن قانداق تىرىلدۈرۈپ، قانداق ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى سورىمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. پادىشاھ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، يەنە بىرىنى قويۇۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ تىرىكنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىدى. ئىبراھىم ئۆز ئىچىدە پادىشاھنىڭ ھاماقەتلىكىگە كۈلۈپ تاشلىدى. ئەمما ئۇ پادىشاھنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن:

---

[1] سۈرە بەقەرە 285 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 258 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە بەقەرە 258 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق داۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەربتىن چىقىرىپ باققىن﴾[1] دېدى.

پادىشاھ ئىبراھىمنىڭ سۆزلىرىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئىبراھىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ھەيران قالغان پادىشاھ، ئىبراھىمغا جاۋاب بېرەلمىدى. ئىبراھىم ئۇنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ قۇياشنى شەرقتىن چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ (يەنى پادىشاھ) كۈننى غەربتىن چىقىرالامدۇ؟ كائىناتنىڭ (ئاللاھنىڭ يارىتىشىغا ئۇيغۇن شەكىلدە) ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيەتلىرى بار. ھېچبىر مەخلۇقنىڭ بۇ قانۇنىيەتكە كۈچى يەتمەيدۇ. ئەگەر پادىشاھ ئۆزىنىڭ خۇدالىق داۋاسىدا راستچىل بولسا، كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ باقسۇن!

شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ ئىبراھىمنىڭ سۆزلىرى ئالدىدا داڭقېتىپ قالغانىدى. ئۆزىنىڭ قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلەلمەيتتى. مۇشرىك پادىشاھنىڭ يالغانچىلىقىنى پاش قىلغان ئىبراھىم سارايدىن چىقىپ كەتتى.

...

ئىبراھىمنىڭ نامى پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كەتتى. ئىنسانلار ئۇنىڭ مۆجىزىسى ۋە ئوتتىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنى ئېغىزدىن ئېغىزغا سۆزلەپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەنە پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرىدە، ئۇنىڭ پادىشاھنى مات قىلغانلىقى، پادىشاھنىڭ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغانلىقى ھەققىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەر تارقالدى. ئىبراھىم خەلقنى تەۋھىد يولىغا دەۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇردى. قەۋمىنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇلارنى قايىل قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ قەۋمىگە قانچە يېقىنچىلىق قىلغانسېرى، قەۋمى ئۇنىڭدىن شۇنچە بىزار بولاتتى. قەۋمىدىن ئۇنىڭغا پەقەت بىر ئەر، بىر ئاياللا ئىمان ئېيتتى. ئايالنىڭ ئىسمى سارە بولۇپ، كېيىنكى يىللىرى ئىبراھىمغا ياتلىق بولدى. ئەر بولسا، لۇت ئىدى. كېيىنكى يىللىرى ئۇمۇ پەيغەمبەر بولدى. ئىبراھىم ئۇ ئىككىسىدىن باشقىسىنىڭ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ، ھىجرەت قىلىش قارارىغا كەلدى.

ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن، ئاتىسىنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى. ئەمما ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن يىراقلاشتى ۋە مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي ئۈزدى.

بۇ خىل ئەھۋال پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىدە ئىككىنچى قېتىم كۆرۈلدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 258 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

ھەزرىتى نۇھنىڭ قىسسىسىدە، ئاتىسى پەيغەمبەر، ئوغلى مۇشرىك ئىدى. ئىبراھىمنىڭ قىسسىسىدە، ئوغلى پەيغەمبەر، ئاتىسى مۇشرىك چىقتى. ھەر ئىككى قىسسىدە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتا ـ ئوغۇللۇقتىن كېچىپ، مۇشرىكتىن يىراق تۇرغانلىقى ئېلان قىلىنماقتا. ئاللاھ بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەقىقي مۇناسىۋەتنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى ئېتىقادىي مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

ئۇلۇغ ئاللاھ تۆۋبە سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىبراھىمنىڭ ئاتىسىغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى ئۇنىڭغا ئىلگىرى قىلغان ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئاتىسى بىلەن ئادا ـ جۇدا بولدى. ئىبراھىم ھەقىقەتەن كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى كۆڭلى يۇمشاق)، (يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) چىداملىق ئىدى﴾①.

ھەزرىتى ئىبراھىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ھىجرەت يولىغا چۈشتى. ئالدى بىلەن، ئۇر ۋە ھاران دېگەن شەھەرلەرگە باردى. ئاندىن ئايالى بىلەن بىللە پەلەستىن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئايالى ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىردىنبىر ئايال ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىردىنبىر ئەر لۇت ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ئەنكەبۇت سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لۇت ئىبراھىمغا ئىمان ئېيتتى. ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن چوقۇم پەرۋەردىگارىم تەرىپىگە ھىجرەت قىلىمەن (يەنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش يۇزىسىدىن ۋەتىنىمنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھ ئەمر قىلغان جايغا ھىجرەت قىلىپ بارىمەن). ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»﴾②.

...

ئىبراھىم پەلەستىندىن كېيىن، مىسىرغا باردى. ئۇ يول بويى ئىنسانلارنى ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلاتتى، بۇ يولدا تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى، زەئىپ ۋە مىسكىنلەرگە ياردەم بېرەتتى، ئىنسانلارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇلارنى ھەق ۋە ھەقىقەتكە يۈزلەندۈرەتتى.

ئايالى سارەدىن پەرزەنتلىك بولالمىدى. مىسىر پادىشاھى ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مىسىرلىق چۆرىدىن بىرنى بەرگەنىدى. ئىبراھىم ياشىنىپ قالغانىدى. ئاللاھ يولىدا ئۆتكەن ئۆمرى چاچلىرىنى ئاقارتىپ، بېلىنى مۈكچەيتىپ قويغانىدى. سارە مۇنداق دەپ ئويلىدى: «بىز قېرىپ قالغان بولساقمۇ، تېخىچە يالغۇز ياشاۋاتىمىز. مەن پەرزەنتلىك بولالمىدىم. مىسىرلىق چۆرىنى ئېرىمگە ئېلىپ بەرسەم قانداق بولار؟» مىسىرلىق

---

① سۈرە تەۋبە 114 ـ ئايەت.
② سۈرە ئەنكەبۇت 26 ـ ئايەت.

www.munber.org

چۆرىنىڭ ئىسمى ھاجەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، سارە ئىبراھىمنى ھاجەرگە ئۆيلەپ قويدى. ھاجەر بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا ئىسمائىل دەپ ئات قويدى.

ھاجەر ئىسمائىلنى تۇغقان چاغدا ئىبراھىم ياشىنىپ قالغانىدى.

...

ھەزرىتى ئىبراھىم بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاپ ئۆتتى.

ئىبراھىمنىڭ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ماڭغان مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى بىلمەيمىز. ئۇ داۋاملىق تۈردە ئاللاھ تەرەپكە قاراپ ماڭاتتى.

مەيلى ئۆيدە ئولتۇرسۇن ياكى قەدەملىرى ئۇنى دۇنيادا كەزدۈرسۇن، ئۇ داۋاملىق ئاللاھ تەرەپكە ماڭاتتى. چۈنكى ئۇ دۇنيادىكى بۇ كۈنلەردىن كېيىن، ئۆلۈمنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئاندىن سۈرنىڭ چېلىنىدىغانلىقىنى، قىيامەتنىڭ قايىم بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ قايتا تىرىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قەلبى ھۇزۇر، سۆيگۈ ۋە ئىمان بىلەن تولدى. بىر كۈنى، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ قولىنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىنى ۋە قىيامەت قايىم بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇ كۈنىنى (يەنى قىيامەت كۈنىنى) كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى. ئاللاھ بۇ ئەھۋال ھەققىدە سۈرە بەقەرەدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن» دېدى. ئاللاھ: «(ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئىبراھىم: «ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم (تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن (كۆرۈشنى خالايمەن)» دېدى﴾[1].

ئىمان ئېيتىش بىلەن بىرلىكتە، قەلبىنىڭ ئەمىن تېپىشىنى تەلەپ قىلىش، پەقەت ئاللاھ سۆيگۈسىنىڭ دەرىجىلىرىدىن بىرىدۇر.

﴿ئاللاھ ئېيتتى: «قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە توپلىغىن (يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ.» بىلگىنكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾[2].

ئىبراھىم ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە قىلدى.

قۇشتىن تۆتنى پارچىلاپ، تاغلارغا قويدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۇلارنى ئۆزىگە چاقىردى. پەيلەر ئۇچۇپ كېلىپ، قاناتلارغا يەرلەشتى. پوكانلار باشلارنى ئىزدىدى.

---

[1] سۈرە بەقەرە 260 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە بەقەرە 260 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قۇشلارنىڭ پارچىلانغان بەدەنلىرى ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر ـ بىرىنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇشقا باشلىدى. قوۋۇرغا سۆڭەكلىرى يۇرەكلەر بىلەن خۇددى ئاشىق ـ مەشۇقلاردەك، بىر ـ بىرىنى ئوڭايلا تېپىشتى. پارچىلانغان يەرلەر بىر ـ بىرىگە يېپىشتى. بىر قۇش ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، ئۆزىنى ئىبراھىمنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. بەزى تەپسىرشۇناسلار بۇ ۋەقەنىڭ ئىبراھىمنىڭ ھەۋىسى تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويسا، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ قولىنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنى كۆرمەكچى بولغانلىقىدىن مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى تەپسىرشۇناسلار ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بولدى قىلغانلىقىنى ۋە قۇشلارنى پارچىلىمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

بىز: «بۇ ۋەقە ئاللاھ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئىبراھىمنىڭ ھايات مۇساپىسىدە بېسىپ ئۆتكەن سۆيگۈ دەرىجىلىرىدىن بىرىدۇر» دەپ قارايمىز.

چۈنكى ئىبراھىم ھەمىشە ئارزۇ ـ ھەۋەسلىك، ئىتائەتمەن، بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزمىگۈچە نىيىتىدىن يانمايدىغان بىرى ئىدى.

ئاللاھ كۆزگە كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن، سەپەر ئۇنىڭ دەلىللىرىنى ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئويلاش شەكلىدە بولۇشى كېرەك.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن سەپەرلىرى شۇنداق ئىدى. ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسىمۇ ھەم شۇنداق ئىدى. ئۇ سۇغا قانچە قانغانسېرى، شۇنچە كۆپ چاڭقاپ تۇراتتى.

...

بىر كۈنى، ھەزرىتى ئىبراھىم سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايالى ھاجەرگە ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشنى بۇيرىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئىبراھىم ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى. ئىسمائىل تېخى سۈتتىن ئايرىلمىغان بوۋاق ئىدى.

ئىبراھىم ئېگىز-پەس قىرلارنى ئارىلاپ توختىماي ماڭدى، ئاندىن چۆلگە چىقتى، ئۇندىن كېيىن تاغنى ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلى چۆللۈكىگە كىردى. چۆللۈكتە يېمەك ـ ئىچمەك، دەل ـ دەرەخ، سۇ، مېۋە دېگەن نەرسىلەردىن ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى. يەنى چۆللۈكتە ھاياتتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئىبراھىم بىر ۋادىغا يېتىپ كەلدى. شۇ يەردە ئۇلاغلىرىدىن يەرگە چۈشتى. ئىبراھىم ئايالى بىلەن ئوغلىنىڭ يېنىغا ئازراق سۇ بىلەن بىر خالتىدا يېمەكلىك قويۇپ، ئۆزى ئەتراپىنى بىر نەچچە قېتىم چۆرگىلىۋەتكەندىن كېيىن، بىر تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قويۇپ قويغان يېمەك ـ ئىچمەك ئىككى كۈنگىمۇ يەتمەيتتى.

www.munber.org

ئايالى ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن پېتى: «ئىبراھىم! نەگە ماڭدىڭ؟ بىزنى ھېچنەرسە يوق مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويامسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. ئايالى قايتا ۋارقىرىدى. ئۇ يەنە جاۋاب بەرمىدى. كېيىن، ئۇ بۇنىڭ ئىبراھىمنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئايالى ئۇنىڭدىن: «ئاللاھ ساڭا شۇنداق قىلىشنى بۇيرىدىمۇ؟» دەپ سورىدى. ئىبراھىم: «ھەئە» دېدى. ئىماندار ئايالى: «ئاللاھ سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇ بىز بىلەن بىللىدۇر، بىز ھەرگىز زىيان تارتمايمىز» دېدى.

ئىبراھىم يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، قوللىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئاللاھقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

﴿پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن) دەپ سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم﴾[1].

ئاللاھنىڭ ئۆيى تېخى قايتا ياسالمىغانىدى. يەنى كەئبە تېخى ياسالمىغانىدى. بۇ چۈشىنىكسىز ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ناھايىتى بۈيۈك ھېكمىتى بار ئىدى. ئىسمائىل كېيىن ئاتىسى بىلەن بىللە كەئبىنى ياساشقا مەسئۇل بولاتتى. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئىنسانلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىشى ۋە بۇ يەردە (مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەتلىرىدە يۈزىنى شۇ تەرەپكە قىلىدىغان) كەئبىنىڭ ياسىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئايالى بىلەن ئوغلىنى ئۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئىنسانلارنى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەتتى. ھاجەر ئىسمائىلنى ئەمگۈزدى ۋە ئۇخلاتتى. قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزىقى جاننى قاتتىق قىينايتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن، سۇ ۋە يېمەكلىك پۈتۈنلەي تۈگىدى. ھاجەرنىڭ سۈتى قۇرىدى. ھەر ئىككىسى ئۇسسۇزلۇقتىن قىينىلىشقا باشلىدى. ئەھۋال بەكمۇ چاتاق ئىدى.

ئىسمائىل ئۇسسۇزلۇقتىن يىغلاشقا باشلىدى. ھاجەر ئۇنى قويۇپ، سۇ ئىزدەشكە باشلىدى. يۈگۈرگەن پېتى سەفا تۆپىلىكىگە چىقتى. ئۇ يەردە قوللىرىنى پېشانىسىگە تۇتۇپ، ئەتراپتىن قۇدۇق، ئادەم ياكى كارۋاندەك نەرسىلەرنى ئىزدىدى.

لېكىن ۋادىدا ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى.

ھاجەر سەفا تۆپىلىكىدىن چۈشۈپ، ۋادىنى كېسىپ ئۆتۈپ، قارشى تەرەپتىكى مەرۋە تۆپىلىكىگە چىقتى. ئۇ يەردىمۇ ئەتراپقا قارىدى، ئەمما يەنىلا ھېچنىمە يوق ئىدى.

ئۇ يەردىن قايتىپ، ئوغلىنىڭ يېنىغا باردى. ئوغلى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەچكە، توختىماي يىغلايتتى. ھاجەر يەنە سەفا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. تۆپىلىكتە ئەتراپقا بىر

[1] سۈرە ئىبراھىم 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

قارىۋەتكەندىن كېيىن، مەرۋەگە قاراپ يۈگۈردى. ئىككى تۆپىلىك ئارىسىدا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ بېرىپ كەلدى. يەتتە قېتىم...

شۇڭا، ھاجىلار ھاجەر ئانا بىلەن بۈيۈك پەيغەمبەر ئىسمائىلنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئىككى تۆپىلىك ئارىسىدا يەتتە قېتىم بېرىپ كېلىدۇ.

ھاجەر يەتتىنچى قېتىمدا ھارغىن ۋە سولغۇن ھالەتتە قايتىپ كەلدى. يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالاي دەپ قالغانىدى. يىغا ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردىدە ئىسمائىلنىڭ ئۇنىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى. ھاجەر ئوغلىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

ئەنە شۇ ئۈمىدسىز پەيتتە، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېتىپ كەلدى. ئىسمائىل يىغلاپ پۇتىنى يەرگە ئۇرۇۋىدى، يەردىن زەمزەم سۈيى ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسىنىڭ ھاياتى خەتەردىن قۇتۇلدى.

ھاجەر ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقاندىن كېيىن، سۇنى ئوچۇملاپ ئىچتى ۋە ئىسمائىلغا ئىچۈردى.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ھاياتلىق ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى.

ھاجەرنىڭ: «ئاللاھ سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇ بىز بىلەن بىللىدۇر، بىز ھەرگىز زىيان تارتمايمىز» دېگەن سۆزى ئەمەلىيەتكە ئايلانغانىدى.

بەزى كارۋانلار بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىشقا باشلىدى. زەمزەم سۈيى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى بۇ يەرگە جەلپ قىلغانىدى.

ئىسمائىل قۇرامىغا يېتىپ قالدى.

ئىبراھىمنىڭ ئەس ـ يادى ئوغلىدا ئىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان ۋاقىتتا پەرزەنت يۈزى كۆرگەن بولسىمۇ، ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئوغلىغا بولغان سۆيگۈسى يۈزىسىدىن، ئاللاھ ئىبراھىمنى ناھايىتى چوڭ سىناق بىلەن سىنىغانىدى.

ئۇلۇغ ئاللاھ ساففات سۈرىسىدە ئىبراھىمنىڭ سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئىبراھىم ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىم مېنى بۇيرۇغان جايغا ھىجرەت قىلىمەن، ئۇ مېنى يېتەكلەيدۇ. پەرۋەردىگارىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن!» بىز ئىبراھىمغا ناھايىتى مۇلايىم بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن». ئىككىسى (ئاللاھنىڭ

ئەمرىگە) بويسۇندى، ئىبراھىم ئۇنى (يەنى ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن) يېنى ياتقۇزدى. بىز ئۇنىڭغا: «ئى ئىبراھىم! (ھېلىقى) چۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ)» دەپ نىدا قىلدۇق. بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ھەقىقەتەن روشەن سىناقتۇر. بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى (يەنى جەننەتتىن چىققان قوچقارنى) بەردۇق. كېيىنكىلەر ئىچىدە ئۇنىڭغا ياخشى نام قالدۇردۇق. ئىبراھىمغا سالام بولسۇن! بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. ئۇ ھەقىقەتەن بىزنىڭ مۆئمىن بەندىلىرىمىزدىندۇر﴾[1].

قاراڭ! ئاللاھ بەندىلىرىنى قانداق سىنايدىكەن؟

سىناق تۈرلىرىنى ئويلاپ بېقىڭ!

ھەزرىتى ئىبراھىم يەر يۈزىدىكى ئەڭ مەرھەمەتلىك قەلبنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھ سۆيگۈسى ۋە ئۇ ياراتقان بەندىلەرنىڭ سۆيگۈسى بىلەن تولغانىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان ۋە پەرزەنتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن پەيتتە بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. ئەنە ئۇ ئۆيىقۇغا كەتتى. ئۆيقۇسىدا، يېگانە ۋە ياپياش ئوغلىنى بوغۇزلاپ چۈشىدى.

يەنى ئۆز نەپسى بىلەن قىلغان كۈرەش.

يەنى ئۆز نەپسى بىلەن قىلغان كۈرەشنىڭ بىر تۈرى.

بۇ كۈرەشنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى ئويلىغانلار خاتالاشقان بولىدۇ. كۈرەشسىز سىناق بولمايدۇ. كۈرەش ـ ئىبراھىمنىڭ ئىچىدە ئىدى. بۇ، ئاتىلىق شەپقىتىدىن كېلىپ چىققان كۈرەش ئىدى. ئىبراھىم نېمىشقا شۇنداق بولغانلىقىنى ئويلىدى. بۇنىڭ جاۋابى شۇ بولدىكى، ئاللاھ ئۇنىڭغا شۇنداق چۈش كۆرسەتكەنىدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر. ئۇ ئۆز چۈشىدە يېگانە ئوغلىنى بوغۇزلىغانىدى. ئوغلىنى بوغۇزلىشى ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيى ئىدى.

نېمە ئۈچۈن؟

ھەزرىتى ئىبراھىم بۇنى كاللىسىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. ئىبراھىم ئاللاھتىن: «نېمە ئۈچۈن؟» ياكى «نېمە سەۋەبتىن» دەپ سورىيالمايتتى. چۈنكى ئاشىق «نېمە ئۈچۈن»نى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئىبراھىم «ئاشىق» لارنىڭ رەئىسىدۇر.

ئىبراھىم ئوغلىنى ئويلىدى. ئوغلىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن يەرگە ياتقۇزغاندا، ئۇنىڭغا نېمە دەيتتى؟ ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭغا ئەھۋالنىڭ راستىنى ئېيتىش ئىدى. شۇنداق قىلىش، ئۇنى مەجبۇرى يېسىپ بوغۇزلىغاندىن ياخشىراق ئىدى.

[1] سۈرە ساففا 99 ــ 111 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org

شۇڭا ئۇ ئوغلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

﴿ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟﴾[1] دېدى.

ئۇنىڭ ئوغلىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرگەن ۋاقىتتىكى ئاقكۆڭۈللۈكى ۋە مۇلايىملىقىغا قاراڭ! ئۇ ئوغلىنىڭ بۇنى ئىتائەتچانلىق بىلەن قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئەمر تەلەپپۇزىدا خىتاب قىلمىدى. ئىبراھىمغا نىسبەتەن بۇ ئىش چوقۇم بەجا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىدۇر. ئەمما ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئوغلىنىڭ بۇ ھەقتە قانداق ئويلايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدى. ئوغلى ئىسمائىل ئۇنىڭ (يەنى ئىبراھىمنىڭ) كۆڭلىدىكىدەك جاۋاب بەردى: «بۇ بىر ئەمردۇر، ئۇنى دەرھال بەجا كەلتۈرگىن!»

﴿ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن﴾[2].

ئوغلىنىڭ بەرگەن جاۋابىنى ئويلاپ بېقىڭ! ئۇ ئۆزىنىڭ بوغۇزلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىلاھىي ئەمرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سەۋر قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھالدا ئاتىسىغا تەسەللىي بەرمەكتە.

ھەرقانداق ۋەزىيەتتە سەۋر ـ تاقەت.

بەلكىم، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىنىڭ بوغۇزلىنىشىنى ياقتۇرغانىدى. ئەنە شۇ چاغدا، ھەزرىتى ئىبراھىم ئوغلىنىڭ (ئاللاھ سۆيگۈسى ئۈچۈن) ئۆزى بىلەن بەسلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

ئوغلى ئۆزىنىڭ سەۋر قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن چاغدا، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا قانداق ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ پەيدا بولغانلىقى بىزگە نامەلۇم.

نامەلۇم.

ئاللاھ بىزگە شۇنى سۆزلەپ بەرمەكتە: ئىسمائىل يەردە ياتماقتا. ئۆزىنىڭ بوغۇزلىنىشىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن يۈزىنى يەرگە قارىتىۋالغانىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم پىچاقنى قولىغا ئالدى. ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىنغانىدى.

﴿ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) بويسۇندى﴾[3]

مانا بۇ، ھەقىقىي ئىتائەتتۇر.

ھەممە نەرسىڭىزنى پىدا قىلىسىز. سىزگە سىزدىن ھېچنېمە قالمايدۇ.

---

[1] سۈرە سافغات 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە سافغات 102 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە سافغات 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

www.munber.org

دەل شۇ پەيتتە، يەنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەمرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قولىغا پىچاقنى ئالغان ۋاقىتتا، ئاللاھ ئىبراھىمغا نىدا قىلدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمغا ئېلىپ بېرىلغان سىناق ئاخىرلاشتى. ئاللاھ چوڭ بىر قۇربانلىقنى بېرىش ئارقىلىق ئىسمائىلنى قۇتۇلدۇردى. ئۇ كۈنى، تېخى مەيدانغا كەلمىگەن بىر مىللەتنىڭ، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايرام كۈنى قىلىندى.

بۇ پەيتلەر، بۇ دەقىقىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى قىلىندى.

ھەزرىتى ئىبراھىم بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ماڭغان ھەقىقىي ئىسلامنىڭ مەنىسى بىلەن ئۇلارنى خاتىرىلەيدىغان بايرام قىلىندى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ قىسسىسى داۋاملاشماقتا.

ئوغلى ئىسمائىلنى تاشلاپ قويۇپ، ئىنسانلارنى دوستى (ئاللاھ) غا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. كۈنلەر ئۆتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم تۇغۇلغان يۇرتى بابىلدىن ئىراققا ھىجرەت قىلدى. ئىئوردانىيەدىن ئۆتۈپ، چۆلدىكى كەنئان مەملىكىتىگە ماكانلاشتى. ئىبراھىم بىر تەرەپتىن دەۋەت ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن لۇت بىلەن قەۋمى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلاتتى. لۇت ئۇنىڭغا تۇنجى بولۇپ ئىمان ئېيتقان كىشى ئىدى. ئاللاھ ئۇنى گۇناھكار ۋە ئىسيانكار بىر قەۋمگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش ئارقىلىق مۇكاپاتلىغانىدى.

بىر كۈنى، چاشكا مەزگىلى ئىدى.

ئىبراھىم چېدىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئوغلى ئىسمائىل بىلەن كۆرگەن چۈشىنى ئويلاۋاتاتتى. ئاللاھ ئۇنى (يەنى ئوغلىنى) چوڭ بىر قۇربانلىق بېرىپ قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ قەلبى بىردىنلا ئېرىپ، كۆزلىرى نەملەندى. پەرۋەردىگارىغا قانداق شۈكۈر ئېيتىشنىمۇ بىلەلمەي قالغانىدى. كۆزلىرىدىن دومىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش ئۇنىڭغا ئوغلى ئىسمائىلغا بولغان سېغىنىشىنى ۋە يولنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنى ئەسلەتتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، ئۈچ پەرىشتە يەر يۈزىگە چۈشتى. ئۇلار جىبرىئىل، ئىسرافىل ۋە مىكائىل قاتارلىقلار ئىدى.

ئۇلار ناھايىتى كېلىشكەن ئۈچ ئادەمنىڭ شەكلىگە كىرگەنىدى. ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە ئىككى ۋەزىپىسى بار ئىدى. بىرى، ھەزرىتى ئىبراھىمنى يوقلاپ، ئۇنىڭغا پەرزەنت خەۋىرىنى يەتكۈزۈش. يەنە بىرى، لۇتنى يوقلاپ، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ گۇناھلىرىغا چەكلىمە قويۇش.

ئۈچ پەرىشتە تۇيۇش چىقارماي بىر ئاز ماڭدى. ئارىدىن بىرى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە تال شېغىل تاش ئاتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە قارىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تونۇمايتتى.

www.munber.org

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئىبراھىممۇ سالام قايتۇردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالدى. ئۇلارنى يات ئەللەردىن كەلگەن مېھمان دەپ ئويلاپ، چېدىرىغا باشلىدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى راھەت ۋە مەمنۇنلۇقنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئەمىن تاپتى ۋە ئۇلاردىن رۇخسەت سوراپ، چېدىردىن چىقىپ ئائىلىسىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

سارە ئىبراھىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. سارە ياشىنىپ، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئىمان نۇرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياشلىقتا ئائىت ھېچقانداق ئەسەر قالمىغانىدى. ئىبراھىم ئايالىغا:

- ئۈچ كىشى بىزگە مېھمان بولۇپ كەلدى، - دېدى. ئايالى:

- كىملەر ئۇ؟ - دەپ سورىدى. ئىبراھىم:

- يات كىشىلەر ئىكەن، ھېچقايسىسىنى تونۇيالمىدىم. يىراق يەرلەردىن كەلگەندەك تۇرىدۇ. لېكىن ئۈستى - بېشىدىن ئۇلارنىڭ يولۇچى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۆيدە يېگۈدەك نېمە بار؟ - دېدى. سارە:

- قويىنىڭ يېرىم گۆشى بار، - دېدى. سارەنىڭ يېنىدىن قايتماقچى بولۇپ تۇرغان ئىبراھىم:

- يېرىم قويمۇ؟ بوداقتىكى موزاينى بوغۇزلايلى. ئۇلار مېھمان ھەم يات كىشىلەر. يېنىدا يا ئۇلاقلىرى، يا يۈك - تاقلىرى. يېمەك - ئىچمىكىمۇ يوق ئىكەن. قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەندۇ، بەلكىم پېقىر كىشىلەردۇر، - دېدى.

ئىبراھىم سېمىز بىر موزاينى تۇتۇپ، ئۇنى سويۇشقا بۇيرۇدى. موزاي ئاللاھنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلاندى. گۆشى قىزدۇرۇلغان تاشنىڭ ئۈستىدە پىشۇرۇلۇشقا باشلىدى. داستىخان تەييارلاندى. ئىبراھىم مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئايالى ئۇلارنى ئوبدانراق مېھمان قىلىش ئۈچۈن كۆپ پايپېتەك بولدى. پىشۇرۇلغان كالا گۆشلىرى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

ئىبراھىم قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئۇلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ تارتىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن تاماقنى ئۆزى ئېلىپ باشلاپ بەردى. ئىبراھىم ئاللاھنىڭ سېخىي كىشىلەرنى ياقتۇرۇپ قويمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان، قولى ئوچۇق، مەرت ئادەم ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ ئۆيىدە مۇشۇ موزايدىن باشقا ھايۋان يوق ئىدى. مېھمان ئاران ئۈچ كىشى بولغاچقا، يېرىم قويىنىڭ گۆشىمۇ ئۇلارغا يېتىپ ئاشاتتى. لېكىن ئىبراھىم بەكمۇ سېخىي كىشى ئىدى.

ئىبراھىم كۆزىنىڭ قىرىدا مېھمانلارغا قارىدى. ئۇلار داستىخانغا قول ئۇزاتماي ئولتۇراتتى. تاماقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ: «يېمەمسىلەر؟» دېدى ۋە ئۆزى يەنە

يېپىشكە باشلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلارغا تەكرار قاراپ، ئۇلارنىڭ يەنە يېمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار قوللىرىنى ئۇزاتماي جىم ئولتۇراتتى.

شۇ چاغدا، ئىبراھىم ئۇلاردىن ئەنسىرىدى. چۈنكى چۆل ئەنئەنىسى بويىچە، مېھمانىنىڭ تاماق يېمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئۆي ئىگىسىگە بىرەر يامانلىق قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئىبراھىم ئۆز ئىچىدە بۇ مېھمانلاردىكى غەلىتىلىكلەرنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئىبراھىم ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاندىن كۆرگەنىدى. ئۇلارنىڭ نە ئات ـ ئۇلاغلىرى، نە يۈك ـ تاقلىرى يوق ئىدى. ئىبراھىمغا پۈتۈنلەي ناتونۇش بۇ كىشىلەر سەپەردىن كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۈستى ـ بېشىدا سەپەرنىڭ ئىزناسى كۆرۈنمەيتتى. ئىبراھىم ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلغاندا، ئۇلار داستىخانغا ئولتۇردى، ئەمما تاماققا قول ئۇزاتمايۋاتاتتى.

ئىبراھىم تېخىمۇ قورقۇشقا باشلىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى ۋە چېدىرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئايالى سارەنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئىبراھىم كۆز ئىشارەتلىرى ئارقىلىق ئايالىغا ئۆزىنىڭ مېھمانلاردىن ئەندىشە قىلغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما ئايالى ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئىبراھىم ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى، خىزمەتچىلىرىنى ۋە قەۋمىنى ئويلىدى. مېھمانلار ئاران ئۈچ كىشى ئىدى.

ئۇلار ئەمدى قۇرامىغا يەتكەن ياش يىگىتلەر ئىدى، ئىبراھىم بولسا، قېرى بوۋاي ئىدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈز ئىپادىلىرى ئارقىلىق كۆڭلىدىن كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇردى. پەرىشتىلەردىن بىرى ئىبراھىمغا: «قورقمىغىن!» دېدى.

ئىبراھىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، راستچىللىق بىلەن: «سىلەردىن راستىنلا قورقۇۋاتىمەن. سىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلدىم، ئەمما سىلەر قولۇڭلارنى ئۇزاتماي ئولتۇرىسىلەر. ماڭا يامانلىق قىلىشنى ئويلاۋاتامسىلەر؟» دېدى.

پەرىشتىلەردىن بىرى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: «ئى ئىبراھىم! بىز تائام يېمەيمىز. بىز ئاللاھنىڭ (لۇتنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتكەن) پەرىشتىلىرى بولىمىز» دېدى.

سارە كۈلۈپ كەتتى، بىر چەتتە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغانىدى. پەرىشتىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ، ئىسھاق بىلەن خۇشخەۋەر بەردى: «ئاللاھ ساڭا ئىسھاق بىلەن خۇش خەۋەر بەردى» دېدى. بۇ سۆزلەردىن ھەيران بولغان سارە: ﴿ۋىيەي!

مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!﴾[1] دېدى.

پەرىشتىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا يەنە: ﴿ئىسھاقتىن كېيىن يەئقۇب بىلەنمۇ خۇشخەۋەر بېرىمىز﴾[2] دېدى.

يەنى ئۇلار ئوغۇل پەرزەنتتىن كېيىن، نەۋرە يۈزىمۇ كۆرەتتى.

ئىبراھىم بىلەن ئايالى سارەنىڭ قەلبىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلار دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. چېدىرنىڭ ئىچى بىردەمدىلا باشقىچە تۈسكە كىردى. ئىبراھىمنىڭ يۈرىكىدىكى قورقۇنچنىڭ ئورنىنى غەلىتە ھېسسىياتلار ئالغانىدى. تۇغماس ئايالمۇ بىر بۆلۈك‌تىن تىترىگەن ھالدا ئۆرە تۇراتتى. پەرىشتىلەرنىڭ خۇشخەۋىرى ئۇنىڭ ئىچىنى ئاجايىپ قىلىپ قويغانىدى. سارە تۇغماس ئىدى، ئېرى ئىبراھىم بولسا، قېرىپ كەتكەنىدى. بۇ... بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟ ھەممىسى بىر پەس تېڭىرقاپ قالغانىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىم ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

﴿مەن قېرىغان تۇرسام، ماڭا (بالا بىلەن) خۇشخەۋەر بەردىڭلارمۇ؟ ماڭا نېمە بىلەن خۇشخەۋەر بېرىۋاتىسىلەر؟﴾[3] دەپ سورىدى.

ئۇ خۇشخەۋەرنى قايتا ئاڭلىماقچى بولدىمۇ ياكى كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ۋە ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىنى قايتا ئاڭلىماقچى بولۇپ شۇنداق قىلدىمۇ؟

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا راستىنلا خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ:

﴿بىز ساڭا راست خۇشخەۋەر بەردۇق، نائۇمىد بولمىغىن﴾[4] دېدى.

ئىبراھىم: ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۇمىد بولار؟﴾[5] دېدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭ ئىنسانغا خاس ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى چۈشەنمىگەچكە، ئۇنى ئۈمىدسىزلىنىشتىن چەكلىدى. ئۇمۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. بۇ پەقەت ئۇنىڭ سۆيگۈسىدىن كېلىپ چىققان بىر ئىپادە ئىدى. سارەنىڭ چىرايى دەھشەتلىك تۈسكە كىردى. ئۇ سۆزگە قايتا ئارىلىشىپ: «مەن بىر موماي تۇرسام تۇغامدىمەن؟ قىزىق ئىشقۇ بۇ!» دېدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

---

[1] سۈرە ھۇد 72 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد 71 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ھىجر 54 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ھىجر 55 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ھىجر 56 ـ ئايەت.

www.munber.org

﴿ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر﴾①.

خۇشخەۋەر ـ ئىبراھىم بىلەن ئايالى سارەنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى. ئىبراھىمنىڭ بىرلا ئوغلى (يەنى ئىسمائىل) بار ئىدى، ئەمما ئۇنى بەكمۇ يىراقتا (يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىغا) قويۇپ قويغانىدى.

سارە ئىبراھىم بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، پەرزەنت يۈزى كۆرەلمىگەنىدى. شۇڭا ئىبراھىمغا چۆرىسى ھاجەرنى ئېلىپ بەرگەنىدى. ھاجەر ئىسمائىلنى دۇنياغا كەلتۈرگەنىدى. سارەنىڭ بولسا، بالىسى يوق ئىدى، ئەمما بالىسى بولۇشنى شۇنداق ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ ئۈمىد بىلەن ياشىدى. كېيىنچە، ئۇ قېرىپ موماي بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ خىيالدىن ۋاز كەچكەنىدى.

ئۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئاللاھ ئىبراھىم بىلەن ھاجەرنىڭ ھاياتىنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مانا ئەمدى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارغا خۇشخەۋەر بېرىلىۋاتاتتى.

ئۇ بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرەتتى. بۇ، نورمال ئوغۇل ئەمەس بولۇپ، پەرىشتىلەر: «ئۇ ئىلىملىك ئوغۇل بولىدۇ» دېگەنىدى.

پەرىشتىلەر پەقەت ئوغلىڭلا ئەمەس، بەلكى ئوغلىڭنىڭمۇ ئوغلى بولىدىغانلىقىنى ۋە سارەنىڭ نەۋرىسىنىڭ ھاياتىغىمۇ گۇۋاھچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئۇ ئۇزۇن يىللارغىچە سەۋر قىلىپ، ئاخىرى ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى.

ئەمما ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭدىكى ئۈمىدسىزلىكنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. سارە خۇشاللىقتىن كۆز يېشى تۆكۈشكە باشلىدى. مېھمانلارنىڭ ئالدىدا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ئۆزىگە ھاي بېرەلمىدى.

ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىمۇ داۋالغۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ قانداق شۈكۈر ئېيتىشنى بىلەلمەيدىغان يەنە بىر نېئمەتكە نائىل قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

ئىبراھىم سەجدە قىلدى.

ئوغلى ئىسمائىل يىراقتا بولغاچقا، ئۇنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇ يەردە (يەنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا) ئىدى. ئاللاھ ئىبراھىمغا (ئۇنىڭ) ھاجەر بىلەن ئىسمائىلنى ئېلىپ بېرىپ، سۇسىز ۋە ئېكىنسىز بىر ۋادىغا قويۇپ قويۇشنى بۇيرۇغانىدى.

① سۈرە ھۇد 73 ـ ئايەت.

www.munber.org

بۇ، تەبىرى يوق ئەمر ئىدى.

ئىبراھىم ئەمرنى ئىجرا قىلدى. ئۇ ھاياتى بويىچە ئىنسانلارنى ئاللاھقا دەۋەت قىلىپ ئۆتتى. ئاللاھ ئۇنىڭغا قېرىپ قالغاندا سارەدىن ئىسھاقنىڭ، ئىسھاقتىن يەئقۇبنىڭ خۇش خەۋىرىنى بەرگەنىدى.

ئىش تۈگىدى. خۇشخەۋەر ئۇلارغا يەتكۈزۈلدى. ئىبراھىم سەجدىدىن تۇردى. كۆزى تاماققا چۈشتى. ھاياجاندىن تاماق يېيەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، خىزمەتچىلىرىگە داستىخانىنى يىغىۋېتىشكە بۇيرۇپ، پەرىشتىلەرگە بۇرالدى.

ئىچىدىكى قورقۇنچ ھېسسىياتلىرى يوقىلىپ، ھاياجىنى بېسىلغان ئىدى. پەرىشتىلەر بەرگەن خۇشخەۋەر ئۇنى پەسكويغا چۈشۈردى. ئۇلارنىڭ قېرىندىشى لۇتنىڭ قەۋمى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىنى يادىغا ئالدى. ئىبراھىم ئۇلارنىڭ لۇتنىڭ قەۋمىگە نېمە ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. دېمەك، لۇتنىڭ قەۋمىگە قورقۇنچلۇق ئازاب كېلەتتى. ئىبراھىمنىڭ مەرھەمەتلىك ۋە شەپقەتكار تەبىئىتى بىر قەۋمنى ئىتائەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھالاك قىلىۋېتىشكە يار بەرمەيتتى. بەلكىم لۇتنىڭ قەۋمى نىيىتىدىن يانغان بولۇشى ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىتائەت قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئىبراھىم پەرىشتىلەر بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىشكە باشلىدى. ئۇ پەرىشتىلەرگە لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىش ۋە گۇناھتىن ۋاز كېچىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئېيتتى. پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ گۇناھكار قەۋم ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئۇلار ئۈچۈن مەخسۇس ساپال تاشلارنى چۈشۈرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغانلىقىنى ئېيتتى. پەرىشتىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن، ئىبراھىم لۇتنىڭ قەۋمىدىكى مۆئمىنلەر توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى ۋە مۇنداق دەپ سورىدى: «ئىچىدە ئۈچ يۈزگە يېقىن مۆئمىن بار بىر يېزىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋېتەمسىلەر؟» پەرىشتىلەر: «ياق!» دېدى. ئىبراھىم بىرئاز راھەتلىدى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ سانىنى ئازايتىپ، ئۇلاردىن شۇ قەدەر مۆئمىن بار يېزىنىڭ قانداقلارچە ھالاك قىلىنىدىغانلىقىنى سورىغانىدى.

پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «بىز ئۇ يەردىكى مۆئمىنلەرنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئاندىن ئۇلار ئىبراھىمغا ئۆز ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇندالغانلىقىنى، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئەمرىنىڭ بەجا كەلتۈرۈلۈشى ۋە لۇتنىڭ قەۋمىنىڭ ھالاك بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ بۇنداق مەرھەمەتلىك ۋە شەپقەتلىك بولماسلىقىنى، ئۆزلىرىگە رەت قىلىنمايدىغان ۋەزىپە تاپشۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇنازىرىسىنىڭ لۇتنىڭ قەۋمىنى ھالاك قىلىش قارارىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىبراھىم ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، دىلى يۇمشاق، ھەممە ئىشتا ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىدىغان پەيغەمبەر ئىدى.

www.munber.org

ئۇلۇغ ئاللاھ ھۇد سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇلار: «ساڭا ئامانلىق تىلەيمىز» دېدى. ئىبراھىم: «سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن» دېدى. ئۇ ئۇزاقتا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ (يەنى پەرىشتىلەرنىڭ) ئۇنىڭغا قول ئۇزاتمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى خۇش كۆرمىدى، ئۇلاردىن قورقۇنچ ھېس قىلدى، ئۇلار: «قورقمىغىن (بىز رەببىڭنىڭ پەرىشتىلىرى، تاماق يېمەيمىز)، بىز ھەقىقەتەن لۇتنىڭ قەۋمىنى (ھالاك قىلىش ئۈچۈن) ئەۋەتىلدۇق» دېدى. ئۇنىڭ ئايالى (يەنى سارە) بىر تەرەپتە تۇرۇپ (لۇت قەۋمىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خۇشاللىنىپ) كۈلدى، بىز ئۇنىڭغا (يەنى سارەگە) ئىسھاق (ئاتلىق بالىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن ۋە ئىسھاقتىن كېيىن كېلىدىغان يەئقۇب (ئاتلىق نەۋرىسى بولىدىغانلىقى) بىلەن خۇش خەۋەر بەردۇق. ئۇ (يەنى سارە): «ۋيەي! مەن بىر موماي تۇرسام، ئېرىم بىر بوۋاي تۇرسا، تۇغامدىمەن؟ بۇ ھەقىقەتەن قىزىق ئىشقۇ!» دېدى. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن (يەنى قۇدرىتىدىن) ئەجەبلىنەمسەن؟ ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارغا (يەنى ئىبراھىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە) نازىل بولسۇن. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدھىيىلەشكە لايىقتۇر، ئۇلۇغلاشقا لايىقتۇر» دېدى. ئىبراھىمدىن قورقۇنچ يوقالغان ھەمدە خۇش خەۋەر ئۇنىڭغا يەتكەن چاغدا، ئۇ بىز بىلەن لۇتنىڭ قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشكە كىرىشتى. ئىبراھىم بولسا ھەقىقەتەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ، كۆپ ئاھ چەككۈچى (يەنى دىلى يۇمشاق)، (ھەممە ئىشتا) ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلغۇچى زاتتۇر. (پەرىشتىلەر ئېيتتى): «ئى ئىبراھىم! بۇنى (يەنى لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشنى) قويغىن، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) ئەمرى ئاللىقاچان چۈشتى، ئۇلارغا چوقۇم (مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن) قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازاب چۈشىدۇ»﴾[1].

پەرىشتىلەرنىڭ سۆزى مۇنازىرىلىشىشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىبراھىم جىمىدى.

قىسسىسىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەزرىتى ئىبراھىمدىن رۇخسەت ئالىمىز.

قالغىنىنى لۇتنىڭ قىسسىسىدىن كېيىن داۋاملاشتۇرىمىز.

* * * * *

---

[1] سۈرە ھۇد 69 ــ 76 ـ ئايەتكىچە.

www.munber.org